مەمۇرلار قانۇننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولغا قويۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن مەمۇرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەمۇرلارنى تەربىيەلەشنىڭ باش ۋەزىپىسى، ئىمتىھان ئېلىش، سىناپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە باھالاپ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم تەلىپى قىلىپ، سىياسىي ئۆلچەم ۋە سىياسىي تەلەپنى مەمۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىڭدۈرۈپ، كەڭ مەمۇرلارنى سىياسىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك تۈپ مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تۈرگە ئايرىپ ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مەمۇرلار قوشۇنىنىڭ مەنبە يولىنى كېڭەيتىپ، قوشۇن قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك؛ يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىدارى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ باھالاپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىلنى تاۋلاپ، كۈندىلىك باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەمۇرلارغا بولغان ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى كۈچەپ تۈزىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىق، قىلىدىغىنىنى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىش، تەربىيەلەش، تەكشۈرۈپ باھالاش، ۋەزىپە ـ ۋەزىپە دەرىجىسى بويىچە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش، ئۆستۈرۈش ـ چۈشۈرۈش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانۇن، قائىدىلەر بويىچە قاتتىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. توغرا يۆنىلىشتە رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەمۇرلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامغا ئەھمىيەت بېرىش يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامدىكى مەمۇرلار ئۈچۈن باغلاقنى بوشىتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىستىلنى قەتئىي بوشاشماي ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنى پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى نەزەرىيە، يېڭى قاراش، يېڭى يۈرۈشلۈك، يېڭى تەلەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشىغا، چوڭقۇر بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا ماس كېلەمدۇ ـ يوق، ئۈستۈن قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزام، بەلگىلىمىلەرگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ، بۇ قېتىمقى نىزاملارنى رەتلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى جۇ خەيلۇن، دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرگەن ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، «شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەندى.

يىغىندا، سۈن جىنلوڭ، پېڭ جيارۇي، كۆك شىڭلۇڭ، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، لىيۇ جيېنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئاچقۇچلۇق تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ھەقىقىي ئىشىنىپ، سەمىمىي يولغا قويۇپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلىشتا، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ بىڭتۇەندە ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سۈن جىنلوڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىڭتۇەننىڭ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى تەتبىقلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تەتبىقلاپ، خىزمەتنى تەتبىقلاپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى، پارتىيە دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش دەل جايىدا بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىپ، يىلتىزنى چوڭقۇر قېزىپ، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تۇرمۇتۇر جايىدا تۇتۇش، ئاخىرغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، يېقىنقى مەزگىلدە، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىپ ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇدەرىجە چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلامۇقاتلام ياخشى تۇتۇشى كېرەك. سەييارە يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىڭتۇەن پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى جاڭ يۈك، لى پىڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پەقەت 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىر كۈندىلا، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 186 مىڭ 100 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 69.86% ئاشتى، ساياھەت كىرىمى 175 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67.17% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاناس مەنزىرە رايونى(قاناس يادرولۇق مەنزىرە رايونى، ئاق قابا مەنزىرە رايونى، قۇمقاناس مەنزىرە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى ساياھەتچى سانى 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن بۆسۈپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇلتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا 20 نەچچە كۈن بۇرۇن بۇ سانلىق مەلۇماتنى بۆسۈپ ئۆتتى» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىيۇ كېچۈەن تونۇشتۇرۇپ.

ئىگىلىنىشچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى قاناس مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشتىن باشلانغان، ئادەم سانى ۋە كىرىمى ئەڭ دەسلەپكى نەچچە ئون ئادەم، نەچچە ئون مىڭ يۈەندىن باشلىنىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى، قونالغۇ شارائىتى قاتارلىق غىزالىنىش، قونۇش، يول يۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن تارتىپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكىچە، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلگەن. دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قاناس، كۆكتوقاي، بەيشاخۇنى يادرو قىلىپ، «مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى» «قار ـ مۇز چوڭ رايونى» بەرپا قىلىپ، «ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئاساس قىلىش، 1 ـ كەسىپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسىپكە تەرەققىي قىلدۇرۇش» hmm

ئىگىلىنىشچە،